# شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 9 - ئاي
29
يەكشەنبە
维吾尔文 9月29日

新疆日报 · شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى　新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65−0002/−W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57　ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com　24833 - سان　بۈگۈن 4 بەت


## ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە كۈنىدە خەلق قەھرىمانلىرىغا گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلىش مۇراسىمى 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئۆتكۈزۈلىدۇ

## شى جىنپىڭ قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى قاتنىشىدۇ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تېلېگراممىسى** بۇ يىل جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى. 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى دۆلەت تەسىس قىلغان ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە كۈنى، شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، شى جىنپىڭ قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى ھەر ساھە ۋەكىللىرى بىلەن بىللە، تيەنئەنمېن مەيدانىدا خەلق قەھرىمانلىرىغا گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلىدۇ.

شۇ چاغدا، مەركىزىي رادىيو - تېلېۋىزىيە باش ئىستانسىسى نەق مەيداندىن بىۋاستە تارقىتىدۇ.

# جۇڭگوچە ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش يولىنى بويلاپ چوڭ قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەش

## —— پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت رەھبەرلىرىنىڭ دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقى توغرىسىدا خاتىرە

□ **شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى**

70 يىللىق قاينام - تاشقىنلىق تەرەققىيات مۇساپىسى، 70 يىللىق بوران - چاپقۇنلۇق سەپەر. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، قەھرىمان خەلق ئارمىيەسى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئورنىدىن دەس تۇرۇشتىن بېيىش، قۇدرەت تېپىشقىچە بولغان ئۇلۇغ ھالقىشنى كۆتۈۋېلىش مۇساپىسىدە، يول بويى توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، غايەت زور قۇربان بېرىپ، ئۆچمەس تارىخىي تۆھپە ياراتتى —— سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشقا پائال ئاتلىنىپ، ۋەتەننى قوغداش، خەلقنىڭ تىنچ ئەمگەك قىلىشىنى قوغداش فۇنكسىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئادا قىلىش —— يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن خەلق ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش، جۇڭگونىڭ چوڭ دۆلەتلىك ئورنىنى شەكىللەندۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداشنى مۇستەھكەم يۆلەنچۈك بىلەن تەمىنلىدى؛ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت يېڭى ئۇلۇغ ئىنقىلابقا پائال ئاتلىنىپ، دۆلەتنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق چوڭ ۋەزىيىتىگە كۈچلۈك مۇلازىمەت قىلىش ۋە كاپالەتلىك قىلىش —— جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمىنى قوغداشنى، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئىتىنى قوغداشنى، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىدىكى مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك پۇرسەت مەزگىلىنى قوغداشنى، رايون ۋە دۇنيانىڭ تىنچلىقىنى قوغداشنى قۇدرەتلىك كۈچ تىرەكى بىلەن تەمىنلىدى.

70 يىللىق جاپالىق ئىزدىنىش، 70 يىللىق بوشاشماي كۈرەش قىلىش. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، قەھرىمان خەلق ئارمىيەسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ زامانىۋىلىشىشقا قاراپ ماڭغان تارىخىي قەدىمىگە ئەگىشىپ، ئۇرۇش داۋامىدا ئۆسۈپ يېتىلىپ، ۋارىسلىق قىلىش داۋامىدا يېڭىلىق يارىتىپ، قۇرۇلۇش داۋامىدا تەرەققىي قىلىپ، تارىخىي خاراكتېرلىك ھالقىشنى ئىشقا ئاشۇردى —— ئىنقىلابىيلىشىش، زامانىۋىلىشىش، مۇنتىزىملىشىش سەۋىيەسى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ، ھەيۋە كۆرسىتىش ۋە ئەمەلىي جەڭ قىلىش ئىقتىدارى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## قولنى قولغا تۇتۇشۇپ، مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ گۈزەل كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتىمىز

### —— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن مۇھىم سۆزى ھەر مىللەت ئوغۇل - قىزلىرىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە رىغبەتلەندۈردى

تەپسىلاتى 2 - بەتتە

## جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەيلى

### —— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ **خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى**

«56 يۇلتۇز تۇركۈمى 56 تال گۈل، 56 مىللەتتىن بولغان ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىل بىر ئائىلە.» جۇڭخۇا مىللىتى بىلەن ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ئوبرازلىق قىلىپ ئېيتقاندا، بىر چوڭ ئائىلە بىلەن ئائىلە ئەزالىرىنىڭ مۇناسىۋىتى؛ ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت بىر چوڭ ئائىلىدىكى ئوخشاش بولمىغان ئەزالارنىڭ مۇناسىۋىتى.

«ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئىناق ئۆتۈشى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى مۇقەررەر ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى ئىشلىرىنى ئۇزۇن مۇددەتلىك خاراكتېرلىك ئىش سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇش، ياخشى تۇتۇش كېرەك.» مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ شەكىللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش تارىخىنى چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن ئەسلەپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەيدىغان، ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىدىغان، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىدىغان قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملەش ئۈچۈن تىرىشىش يۆنىلىشىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى.

«بىر دۆلەتنىڭ بىپايان زېمىنى پۇقرالار ئولتۇراقلاشقان جايدۇر.» بىزنىڭ بىپايان زېمىنىمىزنى ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق ئاچقان. ھەر مىللەت ئەجدادلار جاپالىق ئەمگەك قىلىپ، مىڭبىر جاپا - مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ گۈزەل تاغ - دەريالىرىنى بىرلىكتە ئاچتى. بۈگۈنكى كۈندە، 9 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق دۆلەت زېمىنى مۇنبەت، بىپايان بولۇپ، بۇ، ھەر مىللەت ئەجدادلار بىزگە قالدۇرغان مۇقەددەس زېمىن، شۇنداقلا جۇڭخۇا مىللىتى ياشاپ تەرەققىي قىلىدىغان گۈزەل ماكان. بىزنىڭ ئۇزاق تارىخىمىزنى ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق پۈتكەن. چىن، خەن سۇلالىلىرىنىڭ جاسارىتى، بۈيۈك تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھەيۋىتى، كاڭشى - چيەنلۇڭ دەۋرىدىكى گۈللىنىشنىڭ ھەممىسى ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق ياراتقان تارىخ. بۈگۈنكى كۈندە، بىز جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈچىگە زىچ تايىنىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ شانلىق مەدەنىيىتىمىزنى ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق ياراتقان. جۇڭخۇا مەدەنىيىتى ھەرقايسى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ تاكامۇللىشىشى. جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ بۇنداق رەڭدار، مول ۋە چوڭقۇر بولۇشى ئۇنىڭ ھەممىنى قوبۇل قىلىدىغان سىغدۇرۇشچان ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقىدا. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى گىرەلىشىپ جىلۋىلەنىدى،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

### ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى كوللېكتىپ ئۆگەندى

# باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك

## چېن چۇەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

**مۇخبىرلىرىمىز ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى مەخسۇس تېمىلىق ئۆگىنىش يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۇەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

چېن چۇەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مىللەتلەر خىزمىتى، بولۇپمۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆپ قېتىم مۇھىم سۆز قىلىپ، مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى ئىشلىرىدا يېڭى تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مىللەتلەر خىزمىتى ئۈچۈن ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى، بۇ، يېڭى دەۋردە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى ئىشلىرىغا تۈرتكە بولىدىغان پروگرامما خاراكتېرلىك ھۆججەت. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەشكە يېتەكلەپ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى ئىشلىرىغا تۈرتكە بولۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشى، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

بىرىنچى، مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى تونۇش كېرەك. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇھىم سۆزىدە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىل، بولۇپمۇ پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى -

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## شىنجاڭ ئامىللىرى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش چوڭ تېپتىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر كۆرگەزمىسىدە نامايان قىلىندى

**مۇخبىرلىرىمىز يۈەن لېي، شى شىن، پەرىزات** خەۋەر قىلىدۇ: يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەشنىڭ پائالىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان «ئۇلۇغ مۇساپە، شانلىق مۇۋەپپەقىيەت —— جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش چوڭ تېپتىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر كۆرگەزمىسى» قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىنى تارتتى، بۇنىڭ ئىچىدىكى شىنجاڭ ئامىللىرى شىنجاڭدىن ئىبارەت يىپەك يولىدىكى بۇ مەرۋايىتنىڭ شانلىق نۇرىنى تېخىمۇ نامايان قىلماقتا.

1949 - يىلدىن 2019 - يىلغىچە، مۇۋەپپەقىيەتلەر كۆرگەزمىسىدە يىلنامە تۈزۈش ئۇسلۇبى شەكلى قوللىنىلغان بولۇپ، تاماشىبىنلار ۋاقىت تونېلىنى بويلاپ، تارىخ يىل ھالقىسىغا ئەگىشىپ مېڭىپ، يېڭى جۇڭگو بېسىپ ئۆتكەن شانلىق مۇساپىنى ھەر تەرەپلىمە ئەسلەش ۋە ھېس قىلىشقا يېتەكلەندى. ھەربىر تارىخىي سۈرەت، ھەربىر ھۆججەت - ئەمەلىي بۇيۇم، ھەربىر بۆلەكلىك تەپسىلىي، ئېنىق چۈشەندۈرۈشلەر تاماشىبىنلارنى ۋەتەننىڭ تەرەققىياتىغا نىسبەتەن جانلىق، بىۋاستە تەسىراتقا ئىگە قىلدى.

قاراماي نېفىتلىكى، لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش، مەشرەپ، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەننىڭ ئىگىلىك تىكلەش مەزگىلىدىكى تۇرالغۇ - «گەمە»لىرى... 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، مۇخبىرلار نەق مەيداندا مۇۋەپپەقىيەتلەر كۆرگەزمىسىدە شىنجاڭ ئامىللىرىنى ھەممىلا يەردە ئۇچراتتى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايون جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش باش تېمىسىدىكى «ۋەتەنگە مەدھىيە» ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزدى

### چېن چۇەنگو، شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئابىلمەجىن، لى پېڭشىن ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋەكىللىرى بىلەن بىرلىكتە ئويۇننى كۆردى



يېقىندا ئاپتونوم رايوننىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش باش تېمىسىدىكى «ۋەتەنگە مەدھىيە» ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى شىنجاڭ رادىيو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ سۈرەتكە ئېلىش زالىدا ئۆتكۈزۈلدى. سۈرەتتە: ئارتىسلار ناخشا - ئۇسسۇللۇق نومۇر «تيانشان ئوغۇل - قىزلىرى ۋەتەنگە بەخت تىلەيدۇ»نى ئورۇنلىماقتا. □مۇخبىرىمىز سۈي جىجيەن فوتوسى

**مۇخبىرلىرىمىز ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا ئاپتونوم رايوننىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش باش تېمىسىدىكى «ۋەتەنگە مەدھىيە» ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى شىنجاڭ رادىيو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ سۈرەتكە ئېلىش زالىدا ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن چېن چۇەنگو، شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئابىلمەجىن، لى پېڭشىن قاتارلىقلار ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋەكىللىرى بىلەن بىرلىكتە ئويۇننى كۆرۈپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى بىرلىكتە تەبرىكلىدى.

«تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە بەخت تىلەيمىز، مېنىڭ جۇڭگويۇم...» «بۈگۈن سىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىڭىز» ناملىق چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن ئېيتىلغان مەدھىيە ناخشىسى ئىچىدە كېچىلىكنىڭ مۇقەددىمىسى باشلاندى، ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىلىرى يېقىملىق ناخشىسى، جەزبىدار ئۇسسۇلى، شادىيانە مېلودىيەسى ئارقىلىق ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى، ئۇلۇغ ۋەتەن ۋە ئۇلۇغ يېڭى دەۋرگە قىزغىن مەدھىيە ئوقۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، پارتىيەنىڭ مىللەت سىياسىتىنىڭ شانلىق نۇرىدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشى، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىشتەك جانلىق مەنزىرىنى تولۇق نامايان قىلىپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)